شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 4 - ئاي
1
چارشەنبە
维吾尔文 4 月1日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
شىنجاڭ گازەتى 新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25018 - سان   بۈگۈن 4 بەت

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

خۇبېي ئۆلكىسىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلىنغان مۇھىم سۆز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 7 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «خۇبېي ئۆلكىسىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلىنغان مۇھىم سۆز» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ سىچۇەننىڭ شىچاڭ شەھىرى جىڭجيۇ يېزىسىدىكى ئورمان ئوت ئاپىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەردى

ۋەقە، ئاپەتنىڭ كۆپ يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى

لى كېچياڭ تەستىق سالدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سائەت 16 لەر ئەتراپىدا، سىچۇەننىڭ لياڭشەن ئوبلاستى شىچاڭ شەھىرى جىڭجيۇ يېزىسى مائەن كەنتىدە ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شامال يۆنىلىشى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەچكە، ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملار ئوتتىن ئۆزنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي 19 ئادەم قازا قىلدى، ئۈچ ئادەم يارىلاندى. نۆۋەتتە، تاغدىكى ئوت داۋاملىق ئۆچۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ھەم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، كۈچلەرنى تېزدىن توپلاپ ئىلمىي قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە ئوت ئۆچۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، ئىككىلەمچى ئاپەت يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ھازىر دەل ئورمان ئوت ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئاسان يۈز بېرىدىغان، كۆپ يۈز بېرىدىغان مەزگىل، يېقىندا سىچۇەن، يۈننەن، فۇجيەن، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئورمان ئوت ئاپىتى ۋە بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى يۈز بەردى، چىڭمىڭنىڭ، ئەتىيازلىق تاشقىنىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى قوشقاندا، ئوت ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى قاتارلىق بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرى گەۋدىلىك بولىدۇ، جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار تارماقلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاش بىلەن بىللە، بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا تۇتۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئوت ئاپىتى، لاي - شېغىللىق ئېقىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تۈرلۈك يوشۇرۇن خەۋپلەرنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ۋەقە، ئاپەتنىڭ كۆپ يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش

ZOOMLION
DOOSAN

قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تېزدىن تۇتۇش

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، قۇرۇلۇش خادىملىرى شىنجاڭ تېببىي داشۆسىنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونىدا قۇرۇلۇش قىلماقتا. 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر، 30 مىڭغا يېقىن قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچى ۋە ئەمگەكچى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى ھەرقايسى قۇرۇلۇش نەق مەيدانلىرىغا يېتىپ كەلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانلىرىدا ئىشلەۋاتقانلار تەخمىنەن 70 مىڭ ئادەمگە يېتىدىكەن.
مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

كۇئېنلۇندىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ

—— شىنجاڭ دىققەتنى نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ناھىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىق ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قانات يايدۇردى

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خې جۈن، ما كەي، ساۋ جىخېڭ**

ھەيۋەتلىك كۇئېنلۇن تېغى 1000 چاقىرىمغا سوزۇلغان، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان تاغ جىلغىلار ئايرىپ تۇرغانلىقتىن جەنۇبىي شىنجاڭ بىر مەزگىل جۇڭگو تېررىتورىيەسىدىكى «يانچۇق تېگى» بولۇپ قالغان. تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بۇ جايدا بايلىق كەمچىل، مۇھىت ناچار بولۇپ، نامراتلىق يىلتىزى ئۈنۈمسىز تۇپراققا بارغانسېرى چوڭقۇر پاتقانىدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ تۈپرىقى ھالقىما تەرەققىياتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى بۇ يەرنى بېكىنمە بولغان «يانچۇق تېگى»دىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تۇتىشىدىغان «كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكامى»غا ئايلاندۇردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشى نەچچە مىليون ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىنىڭ 1000 يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن نامرات تۇرمۇشتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 16 ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، 614 مىڭ 100 ئائىلىدىكى 2 مىليون 511 مىڭ 600 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. قېپقالغىنى ھۇجۇم قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان ئىستىھكام بولۇپ، شىنجاڭ ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ بۇرغىسىنى ياڭرىتىپ، قېپقالغان نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ناھىيە، 42 مىڭ 100 ئائىلىدىكى 165 مىڭ 800 ئادەمنى بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

باھار شامىلى چىقتى جەڭ دۇمبىقى چېلىندى

باھار شامىلى يېشىللىق ئېلىپ كەلدى، جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. كۇئېنلۇن تېغى ئېتىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىما تېز سۈرئەتتە يېغىلىپ، ئېغىر نامراتلىققا قارشى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭنى قىلماقتا.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيەسى توخۇلا يېزىسى باش گۇرا كەنتىدە، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكى جۇڭ شىن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ۋۇخەندىن يولغا چىققان ياۋروپانىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىش ماددىي ئەشيالىرى قاچىلانغان تۇنجى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۇڭ ياۋبىن**، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **ساۋ يىگۇاڭ، چىلگېر** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ۋۇخەندىن يولغا چىققان، 166 تونىنا يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىپ، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتكە جىددىي ياردەم بېرىشكە ئاتلاندى. بۇ، يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان ۋۇخەندىن يولغا چىققان تۇنجى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ۋۇخەن) X8015 قېتىملىق پويىز 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو تۆمۈريول بىرلەشمىسى ۋۇخەن مەركىزىي ۋوگزالىدىن يولغا چىققان بولۇپ، ئاخىرقى نۇقتىسى گېرمانىيەدىكى دۇيسبۇرگ. بۇ قېتىمقى نۆۋەتچى پويىزغا بېسىلغان 90%كە يېقىن مال ۋۇخەندىكى يەرلىك كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان، جەمئىي 50 ۋاگون 100 ئۆلچەملىك ساندۇق بولۇپ، مال ئېغىرلىقى 408 تونىنا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 51 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «تۇرپان شەھىرىنىڭ مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى»

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دائىملاشقان مېخانىزم ئارقىلىق يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيلى

سۆز ھەممىگە

☐ **جاڭ بېي**

شەرق شامىلىنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى. دۆلىتىمىز چېگراسى ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىش ھالىتىنىڭ داۋاملىق مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچى بارغانسېرى كۈچەيدى. ھالبۇكى، ھازىرقى پەيتتە، خەۋپ - خەتەر يەنىلا مەۋجۇت، ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن، كاللىمىزدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش -

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داۋاملىق قۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن بىر ئاي ئالدىغا سۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **شى شىن، ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى داۋاملىق قۇرۇلىدىغان 2188 تۈردە ئىش 100% ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، قۇرۇش پىلانلانغان 4536 يېڭى تۈرنىڭ 1693دە قۇرۇلۇش باشلانغان، ئاپتونوم رايون بويىچە 80 نۇقتىلىق يېڭى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 18دە قۇرۇلۇش باشلانغان.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ

ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش ئالغا سىلجىتىلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتى يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئاشلىق تېرىشقا ماس كەلسە ئاشلىق تېرىش، كېۋەز تېرىشقا ماس كەلسە كېۋەز تېرىش، چارۋا بېقىشقا ماس كەلسە چارۋا بېقىش، باغۋەنچىلىككە ماس كەلسە باغۋەنچىلىك قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئېنېرگىيە ساھەسى مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى تېزلەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، قومۇل سەنتاڭخۇ كان رايونى شىتۇمېي 1 - نومۇرلۇق ئوستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلىنىپ، قومۇلنىڭ شىمالىدىكى چوڭ تىپتىكى كۆمۈر، كۆمۈر ئېلېكتر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە پائال تاقابىل تۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا كۈچلۈك، تەرتىپلىك تۈرتكە بولدى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز نېفىت ھەم خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگو نېفىتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)